# جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنى قوغدايلى ۋە ئىلگىرى سۈرەيلى

## ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

قانۇنچىللىق مۇكەممەل قانۇن سىستېمىسى، مۇكەممەل قانۇن ئىجرا قىلىش مېخانىزمى، ئومۇميۈزلۈك قانۇنغا رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، ئادىللىق، ھەققانىيلىقنىڭ قوغدىلىشى ۋە ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر قىلىپ: ئادىللىق، ھەققانىيلىق قانۇن يۈرگۈزۈشنىڭ روھى ۋە جېنى، دەپ كۆرسەتتى، قانۇن يۈرگۈزۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال ياندىشى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانۇن يۈرگۈزۈشكە چەك قويۇش ـ نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنىڭ قانۇنچىللىق كاپالىتى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تىرىشىپ خەلق ئاممىسىغا ھەربىر قانۇن يۈرگۈزۈش دېلوسىدىن ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

ئادىللىق، ھەققانىيلىق پارتىيەمىز ئىنتىلىدىغان ئىنتايىن يۈكسەك قىممەت. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، «ئادىللىق قانۇنچىللىقنىڭ جان تومۇرى» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى، «مەيلى قانداق تەرەققىيات سەۋىيەسىدە تۇرۇشتىن قەتئىينەزەر، تۈزۈمنىڭ ھەممىسى جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنىڭ مۇھىم كاپالىتى» ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇردى، «قانۇن يۈرگۈزۈشنىڭ جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنى قوغداشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇداپىئە سېپى» ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى، «تىرىشىپ خەلق ئاممىسىنى ھەربىر دېلو بېجىرىشتىن، ھەربىر ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇش»نى تەلەپ قىلدى. شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سوت قىلىشنى مەركەز قىلغان جىنايى ئىشلار دەۋا تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، قانۇن يۈرگۈزۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئۇنىۋېرسال ياندىشى ئىسلاھاتىنى ياخشى تۇتۇپ، بىر تۈركۈم مۇھىم، زور ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى قانۇن بويىچە تۈزىتىپ، تىنچ ـ ئامان جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ياخشى قانۇن ئارقىلىق ياخشى ئىدارە قىلىشنى جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، رازى بولۇش دەرىجىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش كېرەك.

دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئەڭ كەڭ، ئەڭ چوڭقۇر ئاساسى خەلق، جەزمەن خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، خەلقنى كۆزلەش، خەلققە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ تۈپ مەقسىتى خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈش.» دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ سجىل تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە، قانۇنچىللىق، ئادىللىق، ھەققانىيلىق، بىخەتەرلىك، مۇھىت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەلىپى كۈنسېرى ئاشتى. خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇشنى دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، پۈتكۈل جەريانىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى تەلىپى، يېڭى ئارزۇسىغا پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، قانۇنچىللىق ساھەسىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ پىلانلاپ ۋە ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، قانۇنچىللىق ئارقىلىق خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقىدىن ئىبارەت بۇ قانۇنچىللىق قىممەت ئىنتىلىشىنى قانۇن چىقىرىش، قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش، قانۇنغا رىئايە قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈپ، ئادىللىق، ھەققانىيلىق نۇرى ئارقىلىق خەلقنىڭ قەلبىنى يورۇتۇش كېرەك.

دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى جەزمەن جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشنى زىچ چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. قانۇننى ئىلمىي چىقىرىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈش، ئومۇمىي خەلق قانۇنغا رىئايە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىللىق ساھەسىدىكى ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، قانۇن چىقىرىش، قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش، قانۇنغا رىئايە قىلىش قاتارلىق ساھەلەردىكى گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. قانۇنچىللىق ئارقىلىق مەمۇرىي ھوقۇققا قائىدە بەلگىلەپ، چەك ـ چېگرا بەلگىلەپ، مەمۇرىي تەدبىر بەلگىلەش تەرتىپلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ئادىل، مەدەنىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. قانۇن يۈرگۈزۈش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈزۈلمە خاراكتېرلىك، مېخانىزم خاراكتېرلىك، كاپالەت خاراكتېرلىك توسالغۇلارنى كۈچەپ تۈگىتىپ، ئوچۇق، ھەرىكەت ھالىتىدىكى، ئېنىق، خەلققە قولايلىق بولغان ئاشكارا قانۇن يۈرگۈزۈش مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، قېلىپلاشقان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان چەك قويۇش ـ نازارەت قىلىش سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈشنىڭ تۆۋەن چېكىنى چىڭ ساقلاپ، خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن يۈرگۈزۈشنىڭ ئاممىۋى ئىشەنچ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشنى دائىملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەر ھەممە ئۇلارنىڭ «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»گە قەتئىي زەربە بېرىپ، شەھەر ـ يېزىلارنى تېخىمۇ تىنچ، ئاممىنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلىش كېرەك. ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك قانۇن ـ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى «فېڭ چياۋ تەجرىبىسى»دە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم يولى ئادىللىق، ھەققانىيلىقتا. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى سىزىپ بېرىلدى، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا جەزمەن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا «جەمئىيەت ئادىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش»نىڭ مەزمۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا «سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، قانۇنچىللىقنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش» ۋەزىپىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا مېڭىپ، قانۇنچىللىق يولىدا دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، جاسارەت بىلەن ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەيلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 3 ـ بەتتە)

ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مۇھاكىمە يىغىنى ۋە ئادەمىيەت ئالاقىسى مۇنبىرى ئۆتكۈزىدۇ ھەم كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ئايال سودا ـ سانائەتچىلەر ئىتتىپاقى رامكىسى ئىچىدە كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ئاياللار يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سۆزى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازارلار ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئىشەنچىسىنى ئۇرغۇتۇپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازارلار ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، ئېنىقسىزلىققا تولغان دۇنياغا تېخىمۇ كۆپ مۇقىملىق ۋە ئاكتىپ ئېنېرگىيە قوشتى.

### بەشىنچى، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى قارشى ئېقىمغا ئۇچراپ، يەككە تەرەپچىلىك، قوروقچىلىق كۈچەيگەن ئەھۋالدا، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى پۈتۈن يەر شارىدىكى ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ۋە يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىقتىسادىي بۆلەك بولۇش سۈپىتى بىلەن، كۆنسېرى يەر شارىۋى قايتا جانلىنىش ۋە تەرەققىياتنىڭ ئۈمىدىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ يىل ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ھەمكارلىقى ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل بولدى، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ بوگور نىشانىنىڭ مۇددىتى توشۇپ، 2020 ـ يىلدىن كېيىنكى ھەمكارلىق مەنزىلىنى تۈزۈشتەك تارىخىي خاراكتېرلىك ۋەزىپىگە دۇچ كەلدى، بۇ، رايوننىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھەرقايسى تەرەپلەر ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايون ھەمكارلىقىنىڭ مۇھىم تەشەببۇسچىسى، قاتناشقۇچىسى، تۆھپىكارى بولغان جۇڭگونىڭ مەيدانى ۋە پوزىتسىيەسىگە دىققەت قىلماقتا.

رەئىس شى جىنپىڭ كۆپ تەرەپچىلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئىدىيە تەشەببۇسى ۋە چوڭقۇر ئىچكى ماھىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك شەرھلەپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنىڭ ئەزەلدىن نۆل نەتىجىلىك كۈچ سىنىشىش، بىرى يېڭىدىغان، يەنە بىرى يېڭىلىدىغان سىياسىي ئويۇن بولماستىن، بەلكى ئۆزئارا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان تەرەققىيات سۇپىسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. ھەرقايسى تەرەپلەر پەقەت ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، سۆزلىشىش، كېڭىشىش ئاساسىدا زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈش ئاساسىدا ئەمەلىي ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان، سىغدۇرۇشچان، ھەمكارلىشىدىغان، ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، رايون ھەمكارلىق سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەندىلا، ئاندىن ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ھەمكارلىقىدىن ئىبارەت تورتنى چوڭ ياساپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ھەمكارلىقىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى كۈچلۈك قوغداپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى ھەقىقىي پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

رەئىس شى جىنپىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق كۆرسەتتى: ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى داۋاملىق ئېقىمنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، 2020 ـ يىلدىن كېيىنكى ھەمكارلىق مەنزىلىنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، كۆپ تەرەپچىلىكنى قەتئىي قوغداپ، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداپ، رايون ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى قەتئىي ئالغا سىلجىتىپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئەركىن سودا رايونىنى بالدۇرراق قۇرۇپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئالاقىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي ئالغا سىلجىتىپ، خادىملار، مال، مەبلەغ، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك يۆتكىلىشىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىنىڭ يوچۇقسىز تۇتاشتۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئېچىۋېتىلگەن ـ سىغدۇرۇشچان، يېڭىلىق يارىتىدىغان ـ ئاشۇرىدىغان، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرىدىغان، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىشى كېرەك.

رەئىس شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ رايون ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمى ئىمزالاشنى تاماملاشنى قارشى ئالىدۇ، ئومۇميۈزلۈك ۋە ئىلغار تىنچ ئوكيان ھالقىغان ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمىگە قاتنىشىشنى پائال ئويلىشىدۇ. بۇ مۇھىم جاكارلاش جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتتى ۋە قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى.

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: جۇڭگونىڭ پائال قوللىشى، تۈرتكە بولۇشى بىلەن، بۇ يىللىق ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رەھبەرلىرىنىڭ بىرەسمىي يىغىنىدا ئىستراتېگىيەلىك نەزەرگە ۋە يۈكسەك ئۇلۇغۋار سەۋىيەگە ئىگە 2020 ـ يىلدىن كېيىنكى ھەمكارلىق مەنزىلى(يەنى «2040 ـ يىل ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى پۇتراجايا ئارزۇسى») ئوڭۇشلۇق ماقۇللىنىپ، 2040 ـ يىلى ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇپ چىقىش ئۇلۇغۋار نىشانى بېكىتىلدى، بۇ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكياننىڭ تىنچ، گۈللەنگەن گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىش ۋە ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى مۇھىم كۆرسەتمە بىلەن تەمىنلىدى. رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىياتىنى داۋاملىق قوللايدۇ، باشتىن ـ ئاخىر ئېغىشماي ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىدا يىلتىز تارتىدۇ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىنى قۇرىدۇ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىغا بەخت يارىتىدۇ.

### ئالتىنچى، جۇڭگونىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ دۇنياغا قوشقان تۆھپىسى شەرھلەندى

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: يېقىندا، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ قاراپ چىقىلىپ ماقۇللىنىپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، خەلقئارا جەمئىيەت بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. ئۈچ مەيدان يىغىن مەزگىلىدە، رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگونىڭ نېمە ئۈچۈن يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىدىغانلىقى، قانداق يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىدىغانلىقى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ دۇنياغا نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر شەرھلەپ، پۈتۈن دۇنياغا جۇڭگونىڭ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنىڭ باشلانغانلىقىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار يۆگمە رەسىمنى نامايان قىلدى.

رەئىس شى جىنپىڭ ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگونىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشى مەۋقەنى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى ۋە تەرەققىيات شارائىتىغا قويۇپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى ۋە تاشقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىنى تولۇق ئويلىشىپ چىقارغان ئىستراتېگىيەلىك تاللاش. ئاساسلىق مەقسەت شۇكى، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى چىڭ تۇتۇش، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش، ئىسلاھاتنى سجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كۈچەپ، تەمىنلەش ۋە ئېھتىياجدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن كۈچەپ، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئوبوروت، ئىستېمالنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك راۋانلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم قايتا جانلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ ئۇزاق ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇش.

رەئىس شى جىنپىڭ سۆزىدە جۇڭگو تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش سىياسەت، تەدبىرلىرىنى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەنلىكى، جۇڭگونىڭ ھەرگىزمۇ تارىختىكى كونا يولدا ماڭمايدىغانلىقى، «ئالاقىنى ئۈزۈش» ياكى بېكىنمىچىلىك قىلىپ باشقىلارنى چەتكە قاققىدىغان «گۇرۇھۋازلىق»نى كۆزلىمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش ھەرگىزمۇ يېپىق ئىچكى ئايلىنىش ئەمەس، بەلكى دۆلەت ئىچىدىكى بازار بىلەن خەلقئارا بازارنى تېخىمۇ ياخشى تۇتاشتۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك، تېخىمۇ كەڭ ساھەلىك، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىيات يېڭى پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى قارشى ئالىدۇ، دەپ ئېنىق بىلدۈردى ھەم جۇڭگو بارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، باراۋەر ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى خالايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىدە، جۇڭگو بازىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى تولۇق قوزغىتىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئېھتىياج يارىتىپ بېرىلىدۇ؛ جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسى يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن تەرەققىيات پۇرسىتىدىن ئورتاق بەھرىلىنىلىدۇ؛ جۇڭگونىڭ تاشقى ھەمكارلىقى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. جۇڭگو «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرۇشقا داۋاملىق تۈرتكە بولۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ھەمكارلىق يولى، ساغلاملىق يولى، قايتا جانلىنىش يولى، ئېشىش يولىغا ئايلاندۇرۇپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى پائال ئالغا سىلجىتىدۇ.

ۋاڭ يى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭ ئۈچ مەيدان يىغىندا بىر قاتار نۇقتىئىنەزەر، كۆز قاراش ۋە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلىپ، خەلقئارا ھەققانىيلىقنى قوغداپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئۈنۈملۈك بىرتۇتاش پىلانلىغان، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، تەرەققىيات ئىستىقبالى تېخىمۇ ياخشىلانغان جۇڭگونى؛ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغان، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرغان، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلغان جۇڭگونى؛ تىنچ تەرەققىيات يولىدا مىڭىشتا چىڭ تۇرغان، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ئىلگىرىلەيدىغان جۇڭگونى؛ مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولىدىغان دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى يۈرگۈزۈشنى ئالغا سىلجىتقان جۇڭگونى؛ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش، دۇنيا خەلقلىرى بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە ھەمدەم بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان جۇڭگونى نامايان قىلدى.

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: مەيلى خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن، دۇنيا ئەندىزىسىنىڭ قانداق تەڭشىلىشىدىن قەتئىينەزەر، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشكە قاراپ كېتىۋاتقان قەدىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. مەيلى قانداق جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، قانداق قاتمۇقات توسالغۇلارغا دۇچ كېلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە شى جىنپىڭ دىپلوماتىيە ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كۆپ تەرەپچىلىكنى چىڭ ساقلاپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىمىز، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمىز.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)